# مەمۇت تەۋەككۇل

## ئەر، 51 ياش

مېنىڭ ئىسمىم مەمۇت تەۋەككۇل، 1970- يىل 2- ئاينىڭ 15- كۈنى تۇغۇلغان. ئۆزەم ئۇيغۇر، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىمەن. تۇنجى قېتىمدا 2009- يىل 5- ئاينىڭ 15- ياكى 16- كۈنى توققۇز كۈنلۈك تۇتۇپ تۇرۇلغان ئىدىم. ئۇنىڭدىن كېيىنكى قېتىمدا 2010- يىل 7- ئاينىڭ 2- كۈنى تۇتۇلۇپ، 71 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، 2010- يىل 9- ئايدا قويۇپ بېرىلدىم. ھازىر تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھرىدە ياشايمەن.

## ھايات تارىخىم

مەن ئائىلەمدە باللارنىڭ چوڭى بولۇپ، ئۈچ ئىنىم ۋە ئىككى سىڭلىم بار. مېنىڭ بوۋام مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا كوممۇنىستلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن بولغاچقا، دادام تاغىسىنىڭ ئۆيىدە چوڭ بولغان ئىكەن. چوڭ بولغىنىمدىن كېيىن دادامنىڭ ھېچقانداق مائارىپ تەربىيىسى كۆرمىگەنلىكىنى بىلدىم، ئۇ ناماز ئوقۇشنىمۇ بىلمەيتتى. تاغام قاغىلىق ناھىيە توگۈچى يېزىسى 13- كەنت پارتكومىنىڭ باش سېكرېتارى بولۇپ، كەنتتىكى بارلىق ئىشقا مەسئۇل ئىدى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى دىندار ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ ئوغلى دائىم بىزنى «ناماز ئوقۇمايدۇ، دىنىنى بىلمەيدۇ» دەپ ياراتمايتتى. 1996- يىلى تاغامنىڭ ئىككى ئوغلى قولغا ئېلىنىپ، بىرى سەككىز يىللىق، يەنە بىرى ئون يىللىق كېسىلىپ كەتتى. تاغام پارتىيە ئەزاسى بولغاچ، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىشىغا ۋە دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇشىغا يول قويۇلمايتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئىككىلا ئوغلى دىندا تەربىيىلەنگەنلىكى ئۈچۈن قولغا ئېلىندى.
شۇ ئىككىيلەننىڭ تۈرمىگە ئېلىنغىنى سەۋەبلىك، ئۇلارغا تۇققان بولغان بىزمۇ ھۆكۈمەت نۇقتىلىق كۆزىتىدىغان كىشىلەرگە ئايلاندۇق. گەرچە بىزنىڭ ئۆيلىرىمىزنىڭ ئارىلىقى تۆت كىلومېتىر بولسىمۇ، ھۆكۈمەت يەنىلا بىزدىن گۇمانلىناتتى. ئۈچ ئوغلى ئارقا- ئارقىدىن قولغا ئېلىنغان تاغام 2002- يىلى ئۆلۈپ كەتتى.

## مېنىڭ مەھەللەم

ئۇ ۋاقىتلاردا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ھازىرقى مۇئاۋىن پارتكوم سېكرېتارى جۇخەيلۈن قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ سىياسى- قانۇن كومىتېتىنىڭ باشلىقى ئىدى. ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە بىز

چارۋىچىلىق ئىشلىرىمىزنى  بىر قاتار ئۇنۇمسىز ئەمگەكلەرگە ئۆزگەرتىشكە ، يەنە كېلىپ شۇ ئىشلارنى ئاقتۇرۇش ئۇچۇن پۇل تۆلەشكە مەجبۇرلاندۇق. مەھەللىمىزدە 3- 4 مىڭ ئەتراپىدا ئادەم بار ئىدى. بۇيرۇققا ئىتائەت قىلمىغان يەتمىش- سەكسەنچە ئۇيغۇر ئائىلىنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى تارتىۋېلىنىپ ، خىتاي كۆچمەنلەرگە بۆلۈپ بېرىلگەن ، كۆرسەتكەن مۇشۇ خىزمەتلىرى ئۇچۇن جۇخەيلۇن بىۋاستە ئاپتونوم رايونغا ئۆستۈرۈلگەن ئىدى.

جۇخەيلۇن ئىنتايىن سادىق بىر خىتاي مىللەتچىسى. ئۇ بىزنىڭ ناھىيگە كېلىشتىن بۇرۇن ، پۈتۈن ناھىيەمىز تەۋەسىدە ئىككى ئۇيغۇر سېكرېتار بار ئىدى. ئۇ كېلىپلا ئۇيغۇر سېكرېتارلارنىڭ ئورنىغا خىتايلارنى ئالماشتۇردى ، ھەتتا ئۇ ئىككى خىتاينىڭ بىرىنىڭ ھېچقانداق مەدەنىيەت سەۋىيسى ۋە بىلىمى يوق ئىدى ، شۇنداقتىمۇ ئۇيغۇرلارغا ئىشەنمەيدىغان جۇخەيلۇن ئۇنى يۇقىرى مەرتىۋىلىك باشلىق قىلىپ سايلاپ قويىدى.  ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئارىسىدا ئىنتايىن سادىق ئىككى ئۇيغۇرلا ئۆز ۋەزىپىسىدە قالدى ، باشقىلىرى بولسا تامامەن يۆتكەلدى. جۇخەيلۇن ھەمىشە ئۇيغۇر باشلىقلار قاتناشتۇرۇلمايدىغان مەخپىي يىغىنلارنى ئاچاتتى. ئۇ نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. ھەر بىر مەھەللىدىن ئەللىك- ئاتمىشچە ، بەزى مەھەللىلەردىن ھەتتا يەتمىشلەرچە ئۇيغۇرنى قولغا ئالغان ئىدى. قويۇپ بېرىلگىنى ھېچقانچە يوق ، ئەمما كۆپىنچىسىنىڭ ئۆلۈكنى قايتۇراتتى. شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرەيلەننىڭ ئىسمى مەھمۇت ھەسەن بولۇپ ، مەن بىلەن تەڭ ياشتىكى قوشنام ئىدى. 2008- يىلى 9- ئايدا ، باشقا ئون بىر كىشى قاتارىدا ئۇمۇ تۇتۇپ كېتىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىككىيلەننى ئىككى كۈندىن كېيىن قويىۋېتىپتۇ ، ئەمما 2009- يىلى ئەتىيازدا مەھمۇت ھەسەننىڭ ئۆلۈكى قايتۇرۇپ بېرىلدى. بىز قوشنا بولغاچقا ئۇنىڭ مېيىت نامىزىغا چىقتۇق ، قارىساق پارتكوم سېكرېتارى بىر مۇنچە قوراللىق ساقچى ۋە ساقچى ماشىنىلىرى بىلەن شۇ يەردە تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ مېيىتى يۇيۇلدىمۇ — يوق ، ئۇنىمۇ ئۇقمىدۇق ، ئىشقىلىپ جۇ خەيلۇننىڭ زامانىدا بۇنداق ۋەقە ناھايىتى كۆپ يۈز بەردى.

تاغامنىڭ ئەڭ چوڭ ئوغلىمۇ شۇ مەھمۇت ھەسەن ۋە باشقا ئون بىر كىشى قاتارىدا قولغا ئېلىنغان ئىدى. قوشنام مەھمۇتتىن باشقا بىزنىڭ مەھەللە ۋە قوشنا مەھەللىدىن يەنە بىر نەچچەيلەننىڭ ساق كىرىپ ئۆلۈك چىققانلىقىنى بىلەتتىم. ئۇلارنىڭ مېيىت نامىزىمۇ ئوخشاش دېگۈدەك نازارەت ئاستىدا ئېلىپ بېرىلدى. مەھمۇتنىڭ مېيىتى بىزگە كۆرسىتىلمىدى ، ھەتتا بىزنىڭ مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامىغىمۇ كۆرسىتىلمىدى. 2009- يىلى 4- ئاي ئەتراپىدا مەھمۇت ھەسەننىڭ ئىككى سىڭلىسى ئۇنىڭ قەبرىسىنى كولاپ مۇردىنى كۆرۈپتۇ ، ئۇلارنىڭ ماڭا ئېيتىشىچە ، ئۆلۈكنىڭ بەدىنى قاتتىق زەخملەنگەن ئىكەن.

## تۇغۇت چەكلىمىلىرى

مېنىڭ تۆت بالام بار. تۇنجىسى 1996- يىلى ، ئىككىنچىسى 2002- يىلى ، ئۈچىنچىسى 2003- يىلى تۇغۇلغان. تۇنجىسى قانۇنلۇق نوپۇسقا ئالدۇرۇلغان ، ئەمما ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچىسى نوپۇسقا ئالدۇرۇلمىغان. گەرچە نوپۇسى بولمىسىمۇ بىز بۇ ئىككى بالىنى ھۆكۈمەتنىڭ كۆزىدىن قاچۇرۇپ چوڭ قىلدۇق. بازارغا ياكى شەھەرگە كىرمەكچى بولساق ، ماشىنىدا ئۇلارنى بىر نەرسىلەرگە چۈمكەپ قوياتتۇق ياكى ئېشەك ھارۋىسىدا باشقىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغۇزۇپ يوشۇراتتۇق. پىلاندىن ئارتۇق تۇغۇلغان بالا ئۈچۈن ئۈچيۈز مىڭدىن بەشيۈزمىڭغىچە جەرىمانە قويۇلاتتى. 2003- يىلىغا كەلگەندە ھۆكۈمەت ئۇ ئىككى بالامنى بايقاپ قالدى ، شۇڭا ئۇلارنى قېيناتامنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشقا ئەۋەتتۇق. ھۆكۈمەت دائىملىرى مېنىڭ ئايالىمنى قىستاپ ، مەجبۇرى ئۈزۈك سالدۇردى ۋە بۇ قىستاش نەق ئالتە يىل داۋاملاشتى. ئايالىمۇ ئالتە يىل ئۈزلۈكسىز ئاغرىپ ، كۈندىلىك نورمال ئىشلارنىمۇ قىلالماس بولۇپ قالدى ، چۈنكى ئۈزۈك ئۇنىڭغا رېئاكسىيە قىلاتتى. 2008- يىلى 8- ئايلارغا كەلگەندە مەن بالىلىرىمنىڭ ئانىسى بولغان ئايالىمنى قوغداش قارارىغا كەلدىم ۋە ئائىلەمنى ئېلىپ ، مەخپىي ۋە ھېچبىر پىلانسىز ھالدا يۇرتتىن ئايرىلدىم. بىز ئاقسۇ ، تۇرپان ۋە ئۈرۈمچىلەرگىچە باردۇق. ئەگەر بىز قاچمىساق ، ئايالىم ئاغرىقتىن ئۆلەتتى. بىز كەتكەندىن كېيىن ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى مېنىڭ ئاتا- ئانامنىڭ ئۆيىگە كېلىپتۇ ۋە مېنى تېپىشقا بۇيرۇپتۇ. ئۇلار تولا قىستاپ دادامنى يىغلىتىپتۇ ، شۇڭا ئاخىر ماڭا قايتىپ كەلمەكتىن باشقا ئامال بولمىدى. 2008- يىلى 10- ئاينىڭ 15- كۈنلىرى ئەتراپىدا مەن يۇرتقا قايتىپ كەلگەن چاغدا ، ئايالىم تۆت ئايلىق ھامىلدار ئىدى. بۇ بالا يەنە قانۇنسىز ھېسابلىناتتى ، شۇڭا بوۋاقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بىز ئاجراشماقچى بولدۇق. بالا 10- ئايدا تۇغۇلدى ، بىزمۇ ئاجراشتۇق. بالىلىرىمىزنىڭ بىرىنچى ، ئىككىنچى ، ئۈچىنچىسى مەن بىلەن قالدى ، تۆتىنچىسى بولسا ئايالىم بىلەن ئۇنىڭ ئاتا- ئانىسىنىڭكىدە ئىدى. 2010- يىلى 3- ئايدا بىز قايتا ياراشقان بولۇپ ، توي قىلدۇق. بىز ھۆكۈمەتكە ئارىمىزدىكى مەسىلىلەرنى تۈگىتىپ ، قايتا جەم بولغىنىمىزنى ئېيتتۇق ۋە بوۋاقنى نوپۇسقا ئالدۇردۇق. شۇڭا بالىلارنىڭ بىرىنچىسى ۋە تۆتىنچىسىنىڭ نوپۇسى بار بولدى ، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچىسى يەنىلا نوپۇسسىز قالدى.

بىزنىڭ ناھىيىدىكى ھەر بىر مەھەللىدە بىردىن پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى بار. ھەر بىر ئايال كىشى ھەر ئۈچ ئايدا بىر قېتىم ئۈزۈك بار- يوقلۇقىنى تەكشۈرتۈشى كېرەك. ئۇ ۋاقىتلاردا يېزا نوپۇسلۇق كىشىلەر ئىككى بالىلىق بولسا بولاتتى ، ھۆكۈمەت كادىرلىرى ۋە خىزمەتچىلەرگە بولسا پەقەت بىر بالىلا رۇخسەت قىلىناتتى. تۈزۈلمە گەرچە شۇنداق بولسىمۇ ، پىلانلىق تۇغۇت كادىرلىرى نۇرغۇن ئايالنى مەجبۇرى تۇغۇت چەكلىگۈزدى ۋە بالا چۈشۈرگۈزدى. ئۇلار ھەتتا بەزى سەككىز ئايلىق بولغان ھامىلىنىمۇ ساق قويماي ئۆلتۈرەتتى. مەھەللىمىزدە بىر ئايال ھامىلدار بولۇپ ، تەكشۈرۈشتىن قېچىپ يۈرگەن بولسىمۇ ، توققۇز ئايلىق بولغاندا بايقىلىپ قاپتۇ. ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا يا ئەللىك مىڭ يۈەن جەرىمانە تۆلەشنى ، ياكى بالىنى چۈشۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ. كەمبەغەل ئائىلىنىڭ جەرىمانە تۆلىگۈدەك پۇلى بولمىغانلىقتىن ،قورساقتىكى بالىنى

چۈشۈرمەكتىن باشقا ئائىلى بولمىدى ۋە بالا چۈشۈرۈلۈپ ئۆزۈن ئۆتمەي ئۇ قوشنامىۇ ئىچ ئاغرىقىدا ئۆلۈپ كەتتى.

## ئەخمەتنىڭ تۇنجى قېتىملىق قولغا ئېلىنىشى

2009- يىلى 2-ئايلاردا مەن ئۆيۈمدىن ئانچە يىراق بولمىغان ئاتا- ئانامنىڭ ئۆيىگە باردىم. يېتىپ بارغىنىمدا ئانام سىرتتا يىغلاپ تۇرۇپتۇ ، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ئالدىنقى كۈنى كېچىدە ساقچىلار ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ ئىنىم ئەخمەتنى تۇتۇپ كەتكەن ئىكەن. ئەخمەت خۇشخەت يېزىشقا ئۇستا بولۇپ ، ئۇ يازغان خەتلەر باشقا ئۈچ خەرىتە قاتاردا تامغا چاپلانغان ئىدى. خەرىتىلەرنىڭ بىرى ئۇرۇمچىنىڭ ، بىرى قەشقەرنىڭ ، يەنە بىرى بولسا قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ بولۇپ ، ھەممىسى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان خەرىتىلەر ئىدى.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھاللا مەھەللىدىكى ساقچى پونكىتىغا باردىم ، ئەمما ساقچىلار ئىنىمنىڭ ئۇ يەردە ئەمەسلىكىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن يەنە يەرلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسىغا باردىم. ياردەمچى ساقچى ئەترىتىدىكىلەر ئىنىمنى ئىشخانىسىغا ئېلىپ كېتىپ ، سىرتتىكى بىر ئامبارغا بىر كېچە سولاپ قويغان ئىكەن. ئاتا- ئانامنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرگەنلەرمۇ ئۇيغۇر ياردەمچى ساقچىلار ئىكەن. قاتتىق غەزەپ بىلەن: «ئۆز ھۆكۈمىتىڭلار باسقان خەرىتىنى تامغا ئېسىشنىڭ نەرى خاتاكەن ؟» دەپ سورىشىمغا ئۇلار مېنى قاتتىق ئۇرۇپ كەتتى.

## مېنىڭ تۇنجى قېتىملىق تۇتقۇن قىلىنىشىم

2009- يىلى 5- ئايدا مەن ساقچى ئىدارىسىگە ئېلىپ بېرىلدىم ۋە توققۇز كۈن تۇتۇپ تۇرۇلۇپ ، ھاشارغا ئىشلىدىم. ئۇلار مېنى ساقچى ئىدارىسىنى تازىلاشقا ۋە باغۋەنچىلىككە سالدى. بىر كۈنى دادام مېنى كۆرگىلى كېلىۋېدى ، ساقچىلار مېنى ھويلىدا تۇرغۇزۇپ قويۇپ ، دادامغا ساقچى ماشىنىسىنى يۇغۇزدى. ئۇلارنىڭ مېنى تۇتۇپ تۇرۇشى مېنىڭ ئىنىم ئەخمەتنىڭ نەدىلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئىكەن. كىچىك ئىنىم ئابلەتمۇ ساقچىلار تەرىپىدىن تۇتۇلغان بولۇپ ، ئۇلار بىز ئارقىلىق ئىنىم ئەخمەتنى تاپماقچى ئىدى. قىيىن — قىستاق ، تەن جازاسىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئابلەت يالغاندىن ئىقرار قىلىپ ، ئەخمەتنى ئۆتكەن ھەپتە مەن بىلەن بىللە كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭغا يالغان سۆزلىمەسلىكنى ئېيتىشىم بىلەنلا ساقچىلار مېنى ئۇرۇپ كەتتى ۋە «ئېغىزىڭنى يۇم» دەپ ۋارقىراشتى. ئاندىن مېنى يولۋاس ئورۇندۇققا باغلاپ قويۇپ ، ئىككى سائەت قىينىدى.

# مېنىڭ قولغا ئېلىنىشىم

2010- يىلى 1- ئايدايەكەن ناھىيىسىنىڭ ساقچىلىرى ئىنىم ئەخمەتنى ئىزدەپ يەنە مېنىڭ ئۆيۈمگە كەلدى. ئۇلار ئەخمەتنى 2010- يىلى 6- ئاينىڭ 29- كۈنى خوتەندە تۇتقان بولسىمۇ، تاكى مەن 2012- يىلى خوتەن شەھرىدىكى تۈرمىگە ئۇنى كۆرگىلى بېرىشتىن بۇرۇن بۇنى بىلمىگەن ئىكەنمەن. ئىنىم مەدرىستە تەربىيىلەنگەن بولۇپ، نىسبەتەن دىندار ئىدى. ئۇنى قولغا ئالغاندا ئۇنىڭغا ئارتىلغان جىنايەت دىنىي كىتابلارنى تەرجىمە قىلىش ۋە تارقىتىش بوپتۇ. 2010- يىلى 7- ئاينىڭ 2- كۈنى ساقچىلار بىزنىڭكىگە يەنە كەلدى ۋە ئىنىم ئابلەت بىلەن مېنى يەرلىك ساقچى پونكىتىغا ئېلىپ باردى. بۇ كۈنلەردە بىز ساقچى پونكىتىغا ھەر كۈنى بېرىپ، بارماق ئىزىمىزنى باساتتۇق ۋە ئۆزىمىزنىڭ ھېچنەگە كەتمىگەنلىكىنى مەلۇم قىلاتتۇق. 7- ئاينىڭ 2- كۈندىكى شۇ قېتىمدا ئۇلار بىزنى قولغا ئېلىپ، ساقچى پونكىتىغا، ئاندىن ئۇ يەردىن يەنە يەرلىك ساقچى ئىدارىسىگە ئېلىپ باردى. ئۇ چاغدا مەن ئىنىم ئەخمەتنىڭ نەدىلىكىنى يەنىلا بىلمەيتتىم.
ساقچىلار ئەخمەتنىڭ نەدىلىكىنى ئېيتىشقا قىستاپ، بىزنى ئۇرۇشقا باشلىدى. مەن بىلمەيدىغانلىقىمنى، ئەخمەتنىڭ نەچچە ئاي بۇرۇنلا قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتىم. ئۇلار توختىماي ئۇراتتى. ئۇ قېتىمقى ئېغىر تەن جازاسىنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇمايمەن، ساقچىلار مېنى يولۋاس ئورۇندۇققا باغلاپ قويۇپ، پۇتلىرىمغا تۆمۈردىن ياسالغان چوۋق بىلەن ئۇردى، يولۋاس ئورۇندۇقنىڭ دەل ئۈستىدە بىر قىزىق تۆمۈر بولۇپ، ئۇنىڭدىن چىقىۋاتقان ھارارەتكە چىداپ تۇرغىلى بولمايتتى. ئۇلار مېنى بۇ يەردىن يەنە قاغىلىق ناھىيىلىك تۈرمىگە يۆتكىدى.
تۈرمىدە مەن باشقا يەتتە كىشى بىلەن بىرلىكتە قاراڭغۇ بىر ئۆيگە سولاندىم. بۇ خانىنىڭ تارلىقىدىن مىدىراشمۇ مۈمكىن ئەمەس بولۇپ، پەقەتلا ئولتۇرغىلى بولاتتى. ئۇزۇن ئولتۇرۇۋېرىپ پۇتلار قولىشىپ ئاغرىپ كېتىدىغان بولغاچقا، بىز ئىككى سائەتتە بىر نۆۋەتلىشىپ ئازراق ماڭاتتۇق. ئۆز- ئارا پاراڭلىشىش، گەپ قىلىش چەكلەنگەن، ناماز ئوقۇغان- ئوقۇمىغانلىقىمىزنى بىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن، خانە ئىچىدە بىر، ھاجەتخانىدا بىر جەمئىي ئىككى كامېرا ئورنىتىلغان ئىدى.
بىز ئۇ يەردە بىر ئاي سولانغاندىن كېيىن، ساقچىلار مېنى سوراققا ئېلىپ چىقتى. ئۇلار «كاساڭ تاياقتىن كۆكىرىپ كېتىپتۇ، نېمىشقا سوئاللىرىمىزغا جاۋاب بەرمەيسەن؟ ئىنىڭ قەيەردە؟ ئۇ دىنىي تەربىيىنى قەيەردە ئالدى؟ ئۇ نېمىشقا دىندار بولۇپ كەتتى؟ پۇلنى نەدىن تاپتى؟ سەن قاچان ئۇنىڭغا پۇل خەجلەپ بەردىڭ؟ قاچان ئۇنىڭغا پۇل ئەۋەتىپ بەردىڭ؟» دېگەندەك گەپلەرنى قىلاتتى. تاپاننىڭ ئاستىغا تەككەن تاياق زەربىسىدىن چىداپ تۇرغىلى بولمايتتى، كاسامغا ئۇرسىمۇ چىدايتتىم، ئەمما تاپىنىمغا ئۇرسا زادىلا چىدىمايتتىم.

سوراقتىن كېيىن 30 كۈن ئۆتكەندە ، ئۇلار مېنى يەنە چاقىردى ۋە بىر پارچە قەغەزنى بېرىپ ، ئىمزا قويۇشۇمنى ئېيتتى. قەغەزدە يېزىلىشىچە ، يەرلىك ساقچى ئىدارىسى مېنىڭ تۈرمە مۇددىتىمنى ئۇزارتماقچى ئىكەن. مەن قول قويۇشنى رەت قىلىشىم بىلەن ئۇلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ مېنى ئۇرۇشقا باشلىدى. يۈزۈمگە تەككەن تاياقنىڭ زەربىسىدىن مەن ئىككى كۈنگىچە تاماقمۇ يېيەلمىدىم. دەسلەپكى ئايدا بىزگە كۈندە ئىككى ۋاق تاماق ۋە چاي بېرىلگەن ئىدى. كېيىنكى ئايدا رامىزان باشلاندى ، روزا تۇتساق بۇزىۋېتىش ئۈچۈن ، بىزگە بېرىلىدىغان تاماق ئۈچ ۋاققا كۆپەيتىلدى. تاماق تارقىتىلغاندا گۇندىپايلار ئولتۇرۇپ ، تاماق يېيىشىمىزنى كۆزىتەتتى ، ئەگەر بىرەرىنىڭ روزا تۇتقىنىنى ، تاماق يېمەيۋاتقىنىنى سەزسە ، يالغۇز ئۇنىلا ئەمەس ، روزا تۇتمىغان كامېراداشلىرىنىمۇ ئۇراتتى.

تۈرمىنىڭ تامىقى بەك ناچار بولغاچقا ، دادام ھەر ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم ماڭا پۇل كىرگۈزەتتى. مەن پۇل ئورنىغا بېلەت تاپشۇرىۋالاتتىم. تۈرمىنىڭ تامىقى بەك قىممەت بولۇپ ، سىرتتا بىر قاچىسى بەش يۈەنلىك لەغمەن تۈرمە ئىچىدە 20 يۈەن ئىدى. سىرتتا ئالتە يۈەن بولغان گۆشسىز پولو تۈرمىدە 30 يۈەن ئىدى. تاماقلارنىڭ مەينەتلىكىدىن كىشىنىڭ قارىنىغۇسىمۇ كەلمەيتتى ، شۇنداقتىمۇ يېمەي باشقا ئامال يوق ئىدى. تۈرمىدە كۈندىلىك تەكشۈرۈشلەر بولاتتى ، تىزىمىم بەئەينى ئارمىيەنىڭكىدەك قاتتىق بولۇپ ، يوتقان — كۆرپىلەر قىر چىقىرىپ يىغىلىشى تەلەپ قىلىناتتى. ئەگەر ئۆلچەمگە يەتمىسە يەنە تاياق يەيتتۇق. بىرەرى بىردەم مىدىرىماي جىم تۇرۇپ قالسا ، ياكى مەلۇم بىر شەكىلدە بىردەم تۇرۇپ قالسا «ناماز ئوقۇۋاتىدۇ» دەپ قارىلاتتى. نازارەتچى «دىققەت» دېگەن سۆزنى ئىككى قېتىم تەكرارلاپ قالسا ، گۇندىپاي كېلىپ ھەممىمىزنى ئۇراتتى. تۈرمە كامېراللىرىنىڭ ھەممىسى ئوخشاش لايىھەلەنگەن بولۇپ ، ئوتتۇرىسىدا بىر كارىدور بار ئىدى. ھاجەتخانا ۋە مۇنچا ئوچۇقچىلىق بىر يەردە بولۇپ ، ھەممە ئاشكارا ئىدى. شۇڭا يۇيۇنغاندا بەدىنىمىزنى بىر ئەدىيال بىلەن ئورىۋالاتتۇق. ئەمما تورۇستىكى كامېرادىن يوشۇرۇنغىلى بولمايتتى. ئۇزۇن كارىدوردا قوراللانغان ساقچىلار بولاتتى. ئاياق تىۋىشى ئاڭلانغان ھامان تىز ئولتۇرۇپ ، دىققەتتە بولۇشىمىز كېرەك ئىدى. تاياقنىڭ دەرىجىسى ئەمەلىي ئىش — ھەرىكەتكە قاراپ بولاتتى. گەپ قىلىشقا رۇخسەت يوق ئىدى. كىمكى تاۋۇش چىقارسا تاياق يەيتتى. يالغۇز تىزىمگە خىلاپلىق قىلغۇچىلا ئەمەس ، ئەتراپتىكى ھەممەيلەن ئوپچە تاياق يەيتتى. شۇڭا بىز باشقىلار ئۇخلاۋاتقاندا ئىككى ئادەم ئالمىشىپ ئەتراپنى كۆزىتىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈردۇق. ھەر ئىككى سائەتتە بىر تۈرمە نازارەتچىسى ئالمىشىشى بىلەن ،بىزمۇ نۆۋەتلىشىپ ئالمىشاتتۇق.

مەن تۈرمىدە باسقۇنچىلىقنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىدىم ، ئەمما دىندار بىر ئايالنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىدىم. ئۇ تۈرمىدە تۇرۇپمۇ ئىزچىل ناماز ئوقۇپتۇ ، تاياق يېسىمۇ ئاللاھنىڭ نامىنى يادلاشنى داۋام قىپتۇ. ئۇنى توختىتالمىغان گۇندىپايلار پۈتۈن كامېرادىكى ئاياللارنى قوشۇپ جازالاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن باشقا ئاياللار «سېنىڭ تەرسالىقىڭدىن بىزمۇ جازالىنىۋاتىمىز» دەپ ئۇنى ئۇرۇپتۇ. ئۇنى نىيىتىدىن ياندۇرالمىغان ساقچىلار ئاخىرى ئۇنى باشقا يالغۇز كامېراغا يۆتكەپ

چىقىپ ،باغلاپ قويۇپ جىنسىي جەھەتتىن خورلاپتۇ. ياندىكى كامېرادا تۇرۇپ خورلاشنىڭ پۈتۈن جەريانلىرىنى ۋە ھېلىقى ئايالنىڭ چىرقىراشلىرىنى ئاڭلىغان باشقا كىشىلەر بۇ ئىشنى ماڭا سۆزلەپ بەرگەنىدى.

بىز كۈندە ئەتىگەنلىك تاماقتىن بۇرۇن ئېيتىشىمىز كېرەك بولغان بىر ناخشا بار ئىدى. ئەگەر ئاھاڭلىرىنى توغرا ، مۇكەممەل ئېيتالمىساق ، بىزگە تاماق بېرىلمەيتتى ، ياكى يامانراق ئەھۋالدا جازالايتتى. مەنمۇ ئۇ ناخشىنى ناھايىتى ياخشى ئېيتىشنى ئۆگەنگەن ، ئەمما ھازىر ئۇنتۇپ كەتتىم. ئاڭلىشىمىزچە قىرىقتىن ئارتۇق كامېرا بولغان بۇ تۈرمىنىڭ ھەر بىر كامېراسىدا تەخمىنەن 10- 11 چە ئادەم بولاتتى ،پۈتۈن تۈرمىدىكى ئادەم يۈزدە يۈز پىرسەنت ئۇيغۇر ئىدى.

بەزىدە تۈرمە ساقچىلىرى كانايدا ئىسمىمىزنى چاقىراتتى ، بىز بولساق «ھە» دەپ جاۋاب قايتۇرۇشىمىز كېرەك ئىدى. بىر كۈنى ئۇلار ئىنىم ئابلەتنى چاقىردى ، ئۇنىڭدىن «ھە» دېگەن جاۋاب ئاڭلاندى. يەنە بىر كۈنى ئىنىم ئەخمەتنىڭ ئىسمىنى چاقىرغانىدى ، مەن ئۇنىمۇ تۇتۇلغان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ چۆچۈپ كەتتىم. ياخشى يېرى ھېچكىمدىن جاۋاب قايتمىدى.

تۈرمىدە 71 كۈن ياتقاندىن كېيىن ، مەن قويۇپ بېرىلدىم. تۈرمىدىكى ۋاقتىمدا ماڭا ئادۋوكاتمۇ بېرىلمىدى. مەن سىياسىي مەھبۇس ئىدىم ، خىتاينىڭ قانۇنى بويىچە سىياسىي مەھبۇسلارنىڭ ھېچقانداق ھوقۇقى بولمايتتى. 2010- يىلى تۇتۇلغان چېغىمدا سوئال- سوراقتىن بۇرۇنلا قاتتىق دۇمبالاندىم ، قاتتىق ئۇرۇش ئارقىلىق باشقىلارنى بويسۇندۇرۇش ئۇلارنىڭ تاكتىكىسى.

تۈرمىنىڭ باش سوراقچىسى ئابدۇقادىر بارات ۋە ئۇنىڭ مۇئاۋىنى ھەسەن كېرىم ھەرئىككىسى ئۇيغۇر بولۇپ ، مېنى قىيناشقا بىۋاستە قاتناشقان ئىدى. تۈرمىنىڭ خىتاي دوختۇرىمۇ ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئىدى. بىر كۈنى ئىچىم سۈرۈپ قالغان بولۇپ ، چۈشلۈك تاماق ئېلىش ئۈچۈن ئۆچرەتتە تۇرغان ئىدىم. بىز خىتايچە ناخشا ئېيتاتتۇق. تاماقنى ئېلىش ئۈچۈن ياندىكى بىر بىنانىڭ زالىدىن كېسىپ ئۆتۈشىمىز كېرەك ئىدى. ئۆتەر يولدا بولسا بىزگە دورا تارقىتىدىغان دوختۇر بولاتتى. مەن يېنىمدىكى خىتايچە سۆزلىيەلەيدىغان كىشىدىن دوختۇردىن ماڭا ئىچ سۈرۈشنىڭ دورىسىنى سوراپ بېرىشنى ئۆتۈندۈم. دوختۇر ئاللىنىمىلەرنى دەيتتى ، قارىماققىلا ئۇنىڭ كەيپىياتى ياخشى ئەمەس ئىدى ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىزنى ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ خىتايچە سۆزلىرىنى بىز تولۇق چۈشىنىپ كەتمەيتتۇق ، ئۇ«سەن چوشقىلار» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىۋاتاتتى.

## قاماقتىن بوشتىلىشىم

ئۇلار مېنى قاماقتىن بوشاتقاندا دادامنىڭ ئۆيىگە ئەمەس ، بەلكى ساقچى ئىدارىسىدىكى ساقچىلارنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىلدىم. تۈرمە بىلەن ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئارىلىقى خېلى يىراق ئىدى. ئۇلار ساقچى ئىدارىسىدە ماڭا بىر جەدۋەل بەردى ۋە يەنە «دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشماسلىق ،

نامازئوقۇماسلىق» دېگەندەك بويسۇندىغان قائىدە-تۈزۈملەر يېزىلغان بىر تىزىملىككە قول قويۇشۇمنى ئېيتتى. بۇلارنىڭ ھەر قاندىقىغا خىلاپلىق قىلىپ سالسام، يەنە تۈرمىگە قايتۇرۇلىدىكەنمەن. تۈرمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مەن قەغەزلەرگە قول قويدۇم. مېنى ساقچى ئىدارىسىدىن يەرلىك ساقچى ئىدارىسىگە ئاپارغاندا، ئۇ يەردە دادامنى كۆردۈم. ئۇ يەردە يەنە بىر قاتار جەدۋەللەرنى توشقۇزۇپ ئىمزا قويغىنىمدىن كېيىن دادامنىڭ ئۆيىگە قايتىشىمغا رۇخسەت بېرىلدى. ئەتىسى ئىنىم ئابلەتمۇ قويۇپ بېرىلدى.

## ئەخمەتنى ئىزدەش

ئەخمەت ھەققىدە ھېچقانداق ئۇچۇر بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئىزدەش ئۈچۈن يولغا چىقتىم. قەشقەرگە بېرىپ ئۇنى تاپالمىغاندىن كېيىن خوتەنگە باردىم ۋە ئۇنى خوتەن شەھىرىدىكى تۈرمىدىن تاپتىم. ئىنىم ئۆمۈرلۈك قاماققا ھۆكۈم قىلىنغان ئىكەن. خۇددى دادام ماڭا ئەۋەتكەندەك، مەنمۇ ھەر ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم ئۇنىڭغا پۇل ئەۋەتىشنى باشلىدىم. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئىنىم ئۈرۈمچى بىرىنچى تۈرمىسىگە يۆتكەلدى، مەنمۇ 2012-يىلى 12-ئاينىڭ 19-كۈنى پۈتۈن ئائىلەمنى ئېلىپ، پويىزدا ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ باردىم.
مەن ئۈرۈمچى بىرىنچى تۈرمىسىگە بېرىپ ئىنىمنى يوقلىماقچى بولدۇم، ئەمما مۇمكىن بولمىدى. چۈنكى ھەر ئالتە ئايدا بىر قېتىم بولۇپ، يىلدا جەمئىي ئىككى قېتىم يوقلاشقىلا رۇخسەت قىلىنىدىكەن. شۇڭا ساقلىدىم، ئەخمەتنى كۆرگىلى داداممۇ يۈرتتىن كەلدى. تۇنجى قېتىملىق كۆرۈشۈش پۈرسىتى دەل خىتاينىڭ چاغنىي مەزگىلىگە توغرا كەلگەچكە، ئۇلار بىزنى كۆرۈشتۈرمىدى. 2013-يىلى 12-ئايغا كەلگەندە بىزگە ئاخىرى كۆرۈشۈش رۇخسىتى بېرىلىپ، ساقلاش ئۆيىگە ئېلىپ كىرىلدۇق. كەينىمىزدە كېلىپ-كېتىپ تۇرغان ئادەملەر ئارىسىدا خېلى ئۇزۇن ساقلىغاندىن كېيىن، بىر تۈرمە خادىمى چىقىپ كەلدى ۋە بىزگە ئۆزلىرىنىڭ خاتالىشىپ بىزگە رۇخسەت بەرگەنلىكىنى، ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ كۆرۈشسەك بولمايدىغانلىقىمىزنى ئېيتتى. ئۇلارنىڭ بۇيرۇقى قاتتىق بولسىمۇ، بىز ئەخمەتنى كۆرمىگۈچە قايتمايدىغانلىقىمىزنى ئېيتىپ چىڭ تۇردۇق. ئالدىمىزغا كەلگەن بىرىنىڭ ئىسمى ئەنۋەر ئىكەن، مەن ئۇنىڭدىن نېمىشقا ئىنىم بىلەن كۆرۈشتۈرمەيدىغانلىقىنى سورىدىم، ئۇ ماڭا بۇنىڭ يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئىنىمنى كۆرسەم بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىز ئاخىرى ئامالسىز قايتىپ كەتتۇق.
دادام ئىككىمىز مېنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئۆيۈمگە قايتتۇق. مەن ئۆزەم ئولتۇرىدىغان بىنانىڭ ئاستىدىكى بىر دۇكاننى ئاچاتتىم. ئۇ كۈنى ئارام ئالغاندىن كېيىن، ئەتىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن-تۈزۈم ئىدارىسىگە باردۇق ۋە ئىدارىدىكى بىرەيلەن بىلەن پاراڭلىشىش پۈرسىتىگە ئېرىشتۇق. ئۇ كىشى بىزنىڭ نېمىشقا كەلگىنىمىزنى سورىدى. بىز سەۋەبىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇ كىشى چىقىپ كېتىپ، يېرىم سائەتتىن كېيىن قايتىپ كىردى ۋە ئەتە تۈرمىگە بېرىپ

ئىنىم بىلەن كۆرۈشەلەيدىغانلىقىمىزنى ئېيتتى. ئەتىسى تۈرمىگە باردۇق، ئەمما تۈرمىدىكىلەر يەنىلا تەلىپىمىزنى رەت قىلدى. بىز قەتئىي كەتمەي تۇرىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلار ئامالسىز باشلىقىغا تېلېفون قىلدى ۋە بىزنى بىنانىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىگە ئېلىپ چىقتى. بۇ يەردە بىر نەچچە ئىشخانا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرى دەل مېنىڭ ئىنىم تەۋە بولغان 9- ئەترەتكە مەسئۇل لى فامىلىلىك خادىمنىڭ ئىكەن. ئۇنىڭ يېنىدا ئېرىق فامىلىلىك بىر قازاق ساقچى تەرجىمانلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇلار بىزدىن ئىنىمنىڭ قانچىلىك كېسىلگەنلىكىنى بىلىدىغان — بىلمەيدىغانلىقىمىزنى سورىدى. بىز بۇرۇن ئاتا- ئانام بىلمىسۇن دەپ «يەتتە يىل» دەپ قويغان ئىدۇق. ئۇلار يەنە ئىنىمنىڭ بۇ تۈرمىگە يۆتكەلگەندىن بۇيان ئۆزلىرىگە زادىلا ماسلاشمايۋاتقانلىقىنى، ئۇيقۇ، تاماق ۋە باشقا ئىشلارنى رەت قىلىۋاتقانلىقىنى، شۇڭا ئەگەر بىز نەسىھەت قىلىپ ئۇنى تاماق يېيىشكە ۋە ساقچىلارغا ماسلىشىشقا كۆندۈرەلىسەك، ھەر 14 كۈندە بىر قېتىم كۆرۈشۈشىمىزگە يول قويۇلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. كېيىن دادام ئىنىمنى كۆرۈش ئۈچۈن كىرىپ كەتتى، لېكىن مېنى كىرگۈزۈشمىدى. ئىنىم گەپ ئاڭلاشقا قوشۇلۇپتۇ. مەن ئالتە ئايدىن كېيىن ئانامنى ئېلىپ، ئىنىمنى كۆرۈش ئۈچۈن يەنە كەلدىم.

ئىنىمنىڭ ماڭا دېيىشىچە، ساقچىلار ئىنىمنى خوتەندە قولغا ئالغان چاغدا، ئۇنىڭ بىر كومپيۇتېرى، بىر موتوسىكلىتى ۋە سائىتى بار ئىكەن. ئىنىم مەندىن خوتەنگە بېرىپ شۇ نەرسىلەرنى ئەكىلىۋېلىشىمنى سورىدى. ئەمما مەن بارغاندا، خوتەندىكى ساقچىلار ئۇ نەرسىلەرنى قايتۇرۇشقا ئۇنىمىدى، «بۇ نەرسىلەردە نېمە گۇناھ، نېمىشقا قايتۇرمايسىلەر؟» دەپ سورىدىم. ئىنىم ئەخمەت ھېلىھەم تۈرمىدە.

## <u>خىتايدىن ئايرىلىش</u>

قاغىلىقتىكى ساقچىلار يەنە مېنىڭ ئىز- دېرىكىمنى قىلىشقا باشلىغانلىقى ئۈچۈن، ئاتا- ئانام ماڭا ئەڭ ياخشىسى بۇ يەردىن كېتىش مەسلىھەتىنى بەردى. قاغىلىقتىكى ئۆيۈمنى ۋە ئۈرۈمچىدىكى دۇكىنىمنى سېتىپ بىرئاز پۇل يىغدىم ۋە 2014- يىلى 1- ئاينىڭ 12- كۈنى ئۈرۈمچىدىن ئايرىلدىم. قانۇنسىز ھالدا تۈركىيەگە يېتىپ كەلگىنىمدە 2014- يىل 6- ئاي بولغان بولۇپ، قولۇمدا ھېچقانداق قانۇنى رەسمىيەت بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۈرۈمچىدىن ۋيېتنام ئارقىلىق كامبودژاغا، ئاندىن تايلاند، مالايسىيالار ئارقىلىق تۈركىيەگە يېتىپ كەلدىم.

مەن ھازىر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق كونسۇلىغا ئائىلەم ھەققىدە ھېچقانداق ئۇچۇر ئالالمىغانلىقىم ۋە خىتاينىڭ ئائىلەمدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ماڭا بىلدۈرۈشى كېرەكلىكى ھەققىدە بىر پارچە خەت تەييارلاۋاتىمەن. ئائىلەمدىكىلەر بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم سۆزلەشكەن ۋاقتىم 2014- يىلى 7- ئاي ئىدى. پەرىزىمچە، مەن باسقان مۇساپىلەرنى بېسىپ، خىتايدىن ئايرىلغان ئۇيغۇرلار خېلى كۆپ. مەن ئۇ يوللارنى خىتاي بىخەتەرلىك ئورگانلىرى

مەقسەتلىك ئورۇنلاشتۇرغان دەپ قارايمەن ، چۈنكى يول ناھايىتى ئاسان ئىدى. ئۆز يۇرتۇڭنىڭ تۈرمىسىدە ياتساڭمۇ ئۆزگە يۇرتنىڭ شاھانە قەسرىدىن ياخشىراقكەن.

زىيارەت قىلغۇچى فرانكى ۋە چ  گۇۋاھچىدىن يازمىدىكى سۆزلەرنىڭ مەزمۇنىنى تولۇق چۈشەنگەن- چۈشەنمىگەنلىكىنى ۋە دېيىلگەن مەزمۇنلارغا قوشۇلىدىغان — قوشۇلمايدىغانلىقىنى سورىدى.

2021- يىلى 3- ئاينىڭ 21- كۈنى گرىنۋىچ ۋاقتى سائەت 18:40 تە ،گۇۋاھچى ئۆزىنىڭ يېزىلغان مەزمۇنغا قوشۇلىدىغانلىقى ھەققىدە ئاغزاكى گۇۋاھلىق بەردى.